السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# مۇسۇلمان دېگەن: مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ تىل ۋە قولىدىن كېلىدىغان ئەزىيەتلەردىن سالامەت قالغان كىشىدۇر. مۇھاجىر دېگەن: ئاللاھ تائالا چەكلىگەن ئىشلارنى تەرك قىلغان كىشىدۇر

ئابدۇللاھ ىبن ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن:
«مۇسۇلمان دېگەن: مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ تىل ۋە قولىدىن كېلىدىغان ئەزىيەتلەردىن سالامەت قالغان كىشىدۇر.
مۇھاجىر دېگەن: ئاللاھ تائالا چەكلىگەن ئىشلارنى تەرك قىلغان كىشىدۇر».
[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

پەيغەمبەرئەلەيهسسالام ئىسلامى كامىل بولغان مۇسۇلمان دېگەن كىشىلەر ئۇنىڭ تىلىدىن سالامەت قالغان، كىشىلەرنى تىللىمايدىغان، لەنەت ئېيتمايدىغان، غەيۋىتىنى قىلمايدىغان، كىشىلەر ئارىسىدا قايسى تۈردىن بولسۇن ئەزىيەت يەتكۈزمەيدىغان كىشىدۇر. مۇسۇلمانلار ئۇ كىشىنىڭ قولىدىن سالامەت قالىدۇ، ئۇلارغا دۈشمەنلىك قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى ھەقسىز ئىلىۋالمايدۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان يوللار بىلەنمۇ ئەزىيەت يەتكۈزمەيدۇ. مۇھاجىر دېگەن ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان ئىشلارنى تەرك قىلغان كىشىدۇر.

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/10101

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee